# هقنقسي تون

قەدىرلىك دوستۇم، تۇرمۇشىڭىز خاتىرجەممۇ؟ ئالدى بىلەن تۇرمۇشىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك ھەم خاتىرجەم بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

سىز بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ كېلەچىكىڭىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانسىز. بەلكىم «مەن دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدىم؟»، «مەقسىتىم نېمە؟»، «ئادەم نېمە ئۈچۈن كېسەل بولىدۇ؟»، «نېمە ئۈچۈن ئۆلىدۇ؟»، «ئەگەر بۇ كائىناتنى خۇدا ياراتقان بولسا، ئۇ بۇ ھەقىقەتنى ماڭا بىلدۇرۇشقا قادىرمۇ يوق؟»، «خۇدا ھەقىقەتەن ماڭا مېھرىبانمىدۇ؟»، «قانداق قىلسام گۇناھلىرىم كۈچۈرۈم بولىدۇ؟»، «قانداق قىلسام ئامانلىققا ئېرىشىمەن؟» . . . دېگەندەك سوئاللارنى ئۆز-ئۆزىڭىزدىن سورايدىغانسىز. ئەگەر شۇنداق بولسا سىز

تۆۋەندىكى ھەقىقەتكە قۇلاق سېلىڭ. بۇ خۇدانىڭ پۈتۈن بەندىلەرگە يەنى سىزگە، ماڭا ۋە ھەر بىر ئىنسانغا قىلغان مېھرىبانلىقى ھەققىدىكى ھەقىقەتتۇر.

خۇدا ئۇلۇغدۇر. ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش باشقىلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەمەس.

خۇدا مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇ ھەمىشە مەۋجۇت. بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىدى، ھازىرمۇ مەۋجۇت، شۇنداقلا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

خۇدا پاكدۇر. ئۇنىڭدا قىلچىلىكمۇ ناپاكلىق يوق.

خۇدا تامامەن ئادىلدۇر.

خۇدا مېھرىباندۇر. خۇدا ئويلىغان ۋە قىلغان ھەممە ئىش مېھىر-مۇھەببەتتىن كېلىپ چىقىدۇ.

خۇدا كۆرەلەيدۇ، ئاڭلىيالايدۇ. ئەگەر سىز خۇداغا گەپ قىلسىڭىز، سۆزىڭىزگە قۇلاق

سالىدۇ. مانا بۇنى خۇدا ئۆزى ئېيتقان. خۇدانىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت. ئىنسانلارنىڭ قابىلىيىتى چەكلىك بولغاچقا، ھەممىلا ئىشنى قىلالمايدۇ، لېكىن، خۇدا قۇدرەتلىكتۇر. ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، چۈشىنىدۇ ۋە قىلالايدۇ.

بىز ئىنجىلدىن خۇدانىڭ جەننەتنى ۋە كائىناتنى ياراتقانلىقىنى يەنى خۇدا ئۆز ئىرادىسى بىلەن سىزنى، بىزنى ۋە ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرنى ياراتقانلىقىنى بىلىمىز.

خۇدا ئىنسانغا پىكىر قىلىش ئۈچۈن ئەقىل، سۆيۈش ئۈچۈن يۈرەك، توغرا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن مۇستەقىل ئىرادە، خۇدا بىلەن گىرەلەشكەن مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئۈچۈن روھ بەردى. ھەر بىر ئىنسان يارىتىلغاندا، بىر-بىرگە ئوخشىمايدىغان

ئايرىم ئاللاھىدىلىكلەرگە ئىگە يارىتىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىز خۇداغا نىسبەتەن ئىنتايىن قەدىرلىك، قىممەتلىكسىز!

خۇدا سىزنى ئۆزى ئۈچۈن ياراتقان. شۇڭا سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا نىسبەتەن خۇدانىڭ ياخشى بىر تەدبىرى بار.

بەلكىم بەزىلەر «مەن خۇداغا بويسۇنسام مۇ نېمە ئۈچۈن يەنە مەندە بەزى ئەھۋاللار مەۋجۇت؟ خۇدانى قۇدرەتلىك دەيسىز، ئۇنداقتا خۇدا پۈتۈن دۇنيانى ياخشىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تولدۇرسا، يامانلىق رەزىللىكلەرنى يوقايتسا بولمامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىشىڭىز مۇمكىن. خۇدانىڭ مېھرىبانلىقى ۋە قۇدرەتلىكى، ھەمدە ئۇنىڭ ھەممە شەيئىلەرنى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ياخشى قىلىپ ياراتقانلىقى ھەقىقەت، لېكىن، بۇ گۈزەللىكلەر شەيتان

تەرىپىدىن بۇزۇلغان. سىز رەزىللىكنى خۇدادىن كەلگەن دەپ ئويلىماڭ. رەزىللىك خۇدادىن كەلگەن ئەمەس، چۈنكى خۇدا پاك، ئادىل ھەم مېھىر-شەپقەتلىكتۇر. خۇدا ھېچقانداق رەزىللىكنى قىلمايدۇ. ئېيتايلۇق، يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئادالەتسىزلىق قىلمايدۇ. شۇنداقلا خۇدا ئىنسانلارنىڭ گۇناھ سادىر قىلىشىغا سەۋەبچى بولمايدۇ.

خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانانى ياراتقاندا، ئۇلار شۇنداق ئىناق ئۆتۈشكەن، تۇرمۇشى تىنىچ، شاد-خۇراملىق بىلەن تولغان. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىرلا ئىشنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان، يەنى ئۇلار ياشاۋاتقان گۈزەل باغ ئىچىدىكى مەلۇم بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلىنمىغان. خۇدا مۇنداق دېگەن:

«باغدىكى مېۋىلەرنى خالىغىنىڭچە يە. ئەمما ‹ياخشى-ياماننى بىلدۈرىدىغان دەرەخ›نىڭ مېۋىسىنى ھەرگىز يېمە. چۈنكى، ئۇنى يېسەڭ چوقۇم ئۆلىسەن» (تەۋرات: «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 2-باب، 16- ۋە 17-ئايەت)

شۇنداق قىلىپ، خۇدا ئۇلارغا ئۆزىگە ئوخشاش بويسۇنۇش ياكى بويسۇنماسلىق ئەركىنلىكىنى بەرگەن. شۇنداقلا بويسۇنماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېنىق قىلىپ ئېيتقان. مانا، بۇ سىزنىڭ يۇقىرىدىكى «ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆلىدۇ؟» دېگەن سوئالىڭىزنىڭ جاۋابىدۇر.

شەيتان ھەممىمىزگە ئايان. شەيتان باغقا كىرىپ، ھاۋائانىمىزنى ئازدۇرۇپ، خۇدانىڭ

سۆزلىرىدىن گۇمانلاندۇرغان. شەيتان ھاۋائانىدىن:

«خۇدا باغدىكى ھەرقانداق دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشىڭلارنى راستتىن مەنئى قىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى» (تەۋرات: «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 3ـ باب، 1ـ ئايەت).

شەيتاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ھاۋائانا دەرھاللا خۇدانىڭ مېھرىبانلىقى ۋە شەپقەتلىكىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىغان. بەلكىم ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا: «دەرۋەقە نېمە ئۈچۈن بىزگە يېگۈزمەيدۇ؟» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇلار شەيتاننىڭ سۆزىنى خۇدانىڭ سۆزىدىن مۇھىم، ئورۇنلۇق دەپ ھېس

قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇداغا ئەمەس، شەيتانغا ئىتائەت قىلىشنى لايىق كۆرۈپ، ياخشى-ياماننى بىلدۈرىدىغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى. شۇ چاغدىن يەنى ئۇلار خۇداغا ئىتائەت قىلمىغاندىن باشلاپ، گۇناھ ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئالغان ۋە نەتىجىدە بۇ ئىش ئۇلارنىڭ خۇدادىن ئايرىلىشقا سەۋەب بولغان. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە، بىز تۇغۇلغاندىن باشلاپ گۇناھ بىلەن تەڭلا تۇغۇلىمىز. شۇ سەۋەبتىن كائىناتتا ياشاۋاتقان بىز ئىنسانلار خۇدادىن يىراقلاشتۇق. ئىنجىلدا مۇنداق يېزىلغان:

> «ھەممە ئادەم گۇناھ سادىر
> قىلىپ، خۇدانىڭ ئىنسانلارنى
> ياراتقاندا ئاتا قىلغان
> شان-شەرەپىدىن مەھرۇم

قالغان» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3_ باب، 23_ ئايەت).

سىزمۇ خۇدادىن يىراقلاشقانلارنىڭ بىرسى. بەلكىم سىز نېمىنىڭ ھەسەتخورلۇق ۋە غەيۋەتخورلۇق قىلىش، باشقىلارنى ئالداش، يالغان سۆزلەش ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. مانا مۇشۇلار، يەنى سىزنىڭ كۆڭلۈڭىزدىكى بەزى يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن خۇدادىن يىراقلاشقانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئەمدى تۆۋەندىكىلەرگە كۆڭۈل قويۇڭ. خۇدا سىزگە خۇش خەۋەر بېرىدۇ. خۇدا سىزگە مېھرىبان بولۇپ، سىزنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كېتىشىڭىزنى خالىمايدۇ. شۇڭا خۇدا سىزگە ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىدىغان بىر يول ھازىرلاپ بەردى.

بىز سۆزىمىزنى يەنە ئادەماتا بىلەن ھاۋائاناغا يۆتكەيلى. ئىنجىلدا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«ئۇلار مېۋىنى يېيىشى بىلەنلا كۆزلىرى ئېچىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچلىقىنى بىلىپ، نومۇس قىلدى شۇڭا، ئۇلار ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنى بىر-بىرىگە چېتىپ بەدەنلىرىنى يېپىۋالدى» («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 3-باب، 7-ئايەت).

ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈپ خۇداغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قورقۇشقا باشلىغان ۋە ئۆزىنى خۇدادىن قاچۇرۇشقا ئۇرۇنغان. لېكىن، خۇدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلمىغانلىقى

ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ ئۆزىدىن يىراقلاشقانلىقى، بۇ يىراقلىشىشنىڭ ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى، يەنى يىراقلىشىشنىڭ نەتىجىسى ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. شۇنداقتىمۇ خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا يەنىلا مېھرىبان ئىدى. خۇدا ئۇلارغا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خۇدا ھايۋانلاردىن بىرنى ئېلىپ ئۇنى سويغان. ئۆلۈك ياتقان ھايۋاننى كۆرگەن ئادەمئاتا بەلكىم «بۇ نېمە ئىش؟ نېمە ئۈچۈن نەپەسلەنمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مىدىرلىمايدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىغاندۇ. بەلكىم خۇدا ئۇلارغا بۇنىڭ ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، چۈنكى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار ئۆلۈمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەن، ھەم بىلمەيتى. شۇنىڭ بىلەن

خۇدا ئۇلارغا ھايۋاننىڭ تىرىسىدىن كىيىم بەرگەن، چۈنكى خۇدا ئۇلارنىڭ يوپۇرماق كىيىملىرىنى ياقتۇرمىغان. مانا، شۇنداق قىلىپ ھايۋان قۇربان بولۇپ، ئۇنىڭ قېنى تۆكۈلگەن. لېكىن، بۇ يەنىلا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانانى گۇناھتىن خالىي قىلالمىغان، پەقەت گۇناھنى يېپىپلا قىلغان خالاس. خۇدا ئۇلارغا بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ گۇناھى ھەقىقىي قۇربانلىق ئارقىلىق يۇيۇلىدىغانلىقىنى يەنى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قۇربانلىق ئارقىلىق گۇناھتىن خالىي بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ھەم يالغۇز ھايۋاننىڭ قېنىلا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى يۇيالمايدىغانلىقى، پەقەت يېپىپلا قالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ھەقىقىي قۇربانلىقنىڭ چوقۇم ئىشلىتىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

بۇ يەرگە كەلگەندە، بەلكىم سىز، «ھەقىقىي قۇربانلىق دېگەن نېمە؟ خۇدا بىزگە قۇربانلىق بەرگەنمۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. سىز بىلىسىزكى، خۇدا ئادىل ھەم راستچىلدۇر. گۇناھ چوقۇم جازاغا مەھكۇم. گۇناھنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈمدۇر. ئەمما خۇدا يەنىلا بىز بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالايدۇ، يەنى بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن گىرەلەشكەن مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىزنى خالايدۇ.

بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بىز گۇناھكار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، خۇدادىن يىراقلاشتۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، خۇدا بىز بىلەن گىرەلەشكەن مۇناسىۋەتتە بولۇشنى خالايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ھەزرىتى ئەيسانى زېمىنغا كەلتۈرگەن.

ئىنجىلدا ھەزرىتى ئەيسا ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان:

«مانا، بۇ پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىدىن ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن قۇربان قىلىنىدىغان خۇدانىڭ قوزىسىدۇر» (ئىنجىل: «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1ـ باب، 29ـ ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا دۇنيادا گۇناھسىز بىردىنبىر ساپ ئادەم. شۇڭلاشقا ھەزرىتى ئەيسا بىزنى گۇناھدىن خالى قىلالايدىغان «ھەقىقىي قۇربانلىق»دۇر. ھەزرىتى ئەيسا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ بىزنىڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن ئۆلۈمى بىلەن بەدەل تۆلىدى. بىزنىڭ ئورنىمىزدا قۇربان بولدى.

ھەزرىتى ئەيسا ئالەمدىن ئۆتكەندە قانداق ئىشلار يۈز بەردى؟ سىزنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بولماسلىقى مۇمكىن.

شۇ دەۋردىكى دىن ئەھلىلىرى ناھايىتى ۋەھشىي ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ھەزرىتى ئەيساغا بەكمۇ ھەسەتخورلۇق قىلاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئابرويى پۈتۈن ئەلگە تارقالدى. بىر كۈنى دىن ئەھلىلىرى ئەسكەر ئەۋەتىپ، ھەزرىتى ئەيسانى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەسكەرلەر ئۇنى تۇتۇپ، پەلەستىنىنىڭ ۋالىيسى پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. پىلاتۇس ھەزرىتى ئەيسانى سوراق قىلىپ كۆرۈپ، «بۇ ئادەمدە قىلچە گۇناھ يوق ئىكەن. مەن ئۇنى سوراق قىلىپ بولۇپ قايتۇرىۋېتەي» دەيدۇ. لېكىن، خالايىق: «شۇنچە كۆپ ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىۋاتىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنى قويۇپ بەرسىڭىز پادىشاھنىڭ دوستى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسسىز!» دەپ ۋاقىرىشىدۇ، ھەم «[1]كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپ

چۇقان سېلىشىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پىلاتۇس: «ئۇنداقتا بۇ ئادەمنىڭ قېنى تۆكۈلسە، مەن سەۋەبچى ئەمەس. ئاقىۋىتىگە ئۆزۈڭلار مەسۇل!» دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانى كرېستكە مىخلايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرىدۇ.

«ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى شۇنداق ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇش قۇدرىتىگە ئىگە ئەمەسمىدى؟» ئەلۋەتتە، ئىگە ئىدى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ بېشىدىن ئۆتىدىغان بۇ ئىشلارنى خۇدا بۇرۇنلا بىلگەن. يەشايا پەيغەمبەر مۇنداق يازغانىدى:

---

1 كرېست: رىملىقلار بەزى جىنايەتچىلەرنى مىخلاپ ئېسىپ ئۆلتۈرىدىغان قوشۇش بەلگىسىنىڭ شەكلىدىكى دار.

«بىزنىڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن ئۇ
ئازاب چەكتى» (پەيغەمبەر ـ
لەرنىڭ كىتابلىرى: «يەشايا»
53ـ باب، 5ـ ئايەت)

بۇ ئايەت ھەزرىتى ئەيساغا قارىتىلغان، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئەيسادا ئىسپاتلانغان. ھەزرىتى ئەيسا رازىمەنلىك بىلەن پۈتۈن گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ كرېستكە مىخلاندى. بىزنىڭ جازايىمىزنى تارتتى.

ھەزرىتى ئەيسا كرېستنىڭ ئۈستىگە مىخلاقلىق تۇرۇپمۇ، ئۆزىگە قارشى تۇرغۇچىلار يەنى دۈشمەنلىرى ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى ئاتا، مېنى خارلىغانلارنى
كەچۈرۈم قىلغىن، چۈنكى ئۇلار
ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى

بىلمەيــدۇ» (لۇقــا بايــان قىلغانخۇش خەۋەر» 23ـ باب، 34ـ ئايەت).

چــۈش مەزگىلـــــى يەر ـ زېمىننــــى قاپ ـ قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. ئۈچ سائەتتىن كېيىن ھەزرىتى ئەيسا:

« — ئى ئاتام! روھىمنى قولۇڭغا تاپشۇردۇم! — دېدى ـ دە، تىنىقى توختاپ، جان ئۈزدى» (لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 23ـ باب، 46ـ ئايەت).

پۈتۈن زېمىن تەۋرەپ، ئالەم قايتا يورۇيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇرىتلىرى ئۇستازىنىڭ جەسىتىنى كرېستتىن چۈشۈرۈپ، كېپەنلەپ قەبرىگە قويىدۇ. ۋالىي پىلاتۇسنىڭ پەرمانى بويىچە، قەبرە ھىم

ئېتىلگەن بولۇپ قەبرە ئەتراپىدا ئەسكەرلەر كۆزەتچىلىك قىلىدۇ.
ھەزرىتى ئەيسا ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاجايىپ خىسلەتلىك بىر ئىش يۈز بەردى. ھەزرىتى ئەيسا قايتا تىرىلدى! كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنى كۆردى، ۋە ئۆز مۇرىتلىرى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ زېمىندا قىرىق كۈن ياشىغاندىن كېيىن، خۇدا بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن جەننەتكە قايتتى.
خۇدا بىزنىڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن بولغان بۇ ھەقىقىي قۇربانلىقنى يەنى ھەزرىتى ئەيسانى قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنى تىرىلدۈرگەنىدى. ھازىر ھەزرىتى ئەيسا ھايات ھەمدە مەڭگۈ ھاياتتۇر. ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىزگە قۇتقۇزغۇچى قىلىشىمىزنى تەلەپ

قىلىدۇ.

بىز قايتا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائاناغا كېلەيلى. ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كىيىنىشى زۆرۈرلۈكىنى بىلگەندە، يوپۇرماقتىن كىيىم قىلىپ ئۆز تېنىنى ئورىۋالغان، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ كىيىمى مۇۋاپىق ئەمەسىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇدا ئۇلارنىڭ يوپۇرماقدىن قىلىنغان بۇ كىيىملىرىنى ياقتۇرمىغانىدى. شۇنىڭدەك، بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر ئامال-چارە قىلىپ خۇدانىڭ ئۆزلىرىنى ياقتۇرۇشى، قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇشىنى ئىزدەيدۇ. بەزى كىشىلەر مەلۇم مىللەت ياكى دىنغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن خۇدا ئۆزلىرىنى ئاپتوماتىك ھالدا قوبۇل قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا بىر يۈرۈش ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن يامان

ئىشلىرىنى يۇيالايدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆز نىجاتلىقلىرىنى تاپالايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خۇدا ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائاناغا ئۆزى ھازىرلاپ بەرگەن، ئۆزى ياقتۇرىدىغان كىيىمگە ئوخشاش، بىزمۇ خۇدا بىز ئۈچۈن ئۆزى ھازىرلاپ بەرگەن كىيىمنى كىيىشىمىز كېرەك.

سىزنى ياپالايدىغان كىيىم زادى قانداق؟ ئۇنى سىز ئۆزىڭىز ھازىرلىغانمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، سىز ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائاناغا ئوخشاش خۇداغا يېقىنلىشالمايسىز ۋە خۇدا سىزنى قوبۇل كۆرمەيدۇ. لېكىن، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خۇدا مېھىر-شەپقەتلىك، ئادىلدۇر.

ئىنجىلدا خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ھەققىدە نۇرغۇن تەمسىللەر بولۇپ، تۆۋەندە بىز ئۇنىڭدىن بىرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. بۇ تەمسىل بىزنىڭ ھەققىي يولنى تونۇشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان تەمسىلدۇر. بۇنىڭدا، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى، رەھمىتى ھەمدە بىزنىڭ قانداقچە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ ھۇزۇرىغا كىرىدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق سۆزلەنگەن.

> «بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. كىچىك ئوغلى ئاتىسىغا: ‹ئاتا، ماڭا تېگىشلىك مىراس تەئەللۇقاتلىرىمنى ھازىرلا بۆلۈپ بەرگەيسىز› دەپتۇ. ئاتىسى مال-مۈلۈكلىرىنى ئىككى ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن
كىچىك ئوغلى ئۆزىگە تەگكەن
مال ـ مۈلۈكلەرنى يىغىشتۇرۇپ،
يىراق بىر دۆلەتكە بېرىپ، ئۇ
يەردە مال ـ دۇنياسىنى
خالىغىنىچە بۇزۇپ ـ چېچىپ،
ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش
كەچۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ پۇلى تۈگەپ
بېشىغا كۈن چۈشكەندە، دەل ئۇ
يەردىمۇ ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز
بېرىپتۇ. شۇڭا، قورساق بېقىش
ئۈچۈن شۇ يەرلىك بىر كىشىگە
مەدىكار بولۇشقا مەجبۇر
بولۇپتۇ. ئۇ كىشى ئۇنى ئۆز
قورۇقىدا چوشقا باقتۇرۇپتۇ. ئۇ
چوشقىغا بىرىلىدىغان پۇرچاق
پوستى بىلەن قورسىقىنى

تويدۇرماقچى بوپتۇ، لېكىن
ئۇنىمۇ ھېچكىم بەرمەپتۇ.
كېيىن ئۇ ئەقلىغە كېلىپ:
«ئاتامنىڭ مەدىكارلىرىنىڭ
ھەممىسىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى
ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ. مەن
بولسام، بۇ يەردە ئاچلىقتىن
ئۆلەمدىمەن؟ ئورنۇمدىن تۇرۇپ،
ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— ئاتا، مەن خۇدانىڭ
ئالدىدىمۇ، سىزنىڭ
ئالدىڭىزدىمۇ گۇناھكارمەن.
ئەمدى سىزنىڭ ئوغلىڭىز
بولۇشقا لايىق ئەمەسمەن.
مېنى مەدىكارلىققا قوبۇل
قىلغايسىز! — دەيمەن» دەپ
ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ
بېرىپتۇ.
ئاتىسى ئوغلىنى يىراقتىن
كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ،
ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى
چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ
كېتىپتۇ.ئوغلى: «ئاتا، مەن
خۇدانىڭ ئالدىدىمۇ، سىزنىڭ
ئالدىڭىزدىمۇ، گۇناھكارمەن.
ئەمدى سىزنىڭ ئوغلىڭىز
بولۇشقا لايىق ئەمەسمەن»
دەپتۇ. بىراق ئاتىسى
چاكارلىرىغا: «دەرھال ئەڭ
ئېسىل تونىنى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا
كىيدۈرۈڭلار، قولىغا ئۈزۈك
سېلىڭلار، پۇتلىرىغا ئاياغ
كىيدۈرۈڭلار. ئاندىن راسا

بوردالغان توپاقنى ئەكلىپ
سويۈڭلار. ئۇنى زىياپەت قىلىپ
كۆتۈۋالايلى! چۈنكى ئوغلۇم
ئۆلۈپ تىرىلدى، يوقىلىپ
تېپىلدى! › دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن
ھەممەيلەن خۇشال-خۇرام
يەپ-ئىچىشىپ، كۆڭۈل
ئېچىشىپتۇ» (ئىنجىل: «لۇقا
بايان قىلغان خۇش خەۋەر»
15-باب، 11-ئايەتتىن
24-ئايەتكىچە)

قەدىرلىك دوستۇم، بەلكىم سىز بۇ
تەمسىلدىن ئاتا-بالا ئوبرازىنىڭ نېمىگە
ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنسىز.
خۇدا سىزنىڭ ھەررىتى ئەيساغا ئېتىقاد
قىلىپ، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىشىڭىزنى بەكمۇ
ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ھازىرمۇ بۇنى كۈتمەكتە.

لېكىن سىز ئالدى بىلەن ئۆز گۇناھلىرىڭىزنى تونۇپ، ئۇلاردىن ۋاز كېچىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، خۇدا سىزنى ھەقىقىي تونى بىلەن ئورايدۇ.

خۇدا قوبۇل كۆرىدىغان بىردىنبىر تون ھەزرىتى ئەيسادۇر. چۈنكى ئىنجىلدا ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېگەن:

«يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم خۇدائاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ» (ئىنجىل: «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14ـ باب، 6ـ ئايەت).

ھەزرىتى ئەيسا يەنە ئۆز ئالدىغا ھەرقانداق ئادەم كەلسە، رەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئېچىپ ئېيتقاندا، ئەگەر ھەرقانداق كىشى ئۆز

گۇناھىدىن ۋاز كېچىپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى قىلسا، ئۇ چوقۇم كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ. ھەزرىتى ئەيساغا ئېتىقاد قىلىش دېگەنلىك، بۇرۇنقى يولىڭىزدىن ئايرىلىپ، ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىش دېگەنلىكتۇر.

بىلىمىزكى، ھەزرىتى ئەيسا ئىنسانلارنى ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۇنىڭغا مەنسۇپ كىشىلەرنى توپلاش ئۈچۈن تۇيۇقسىز دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ كەلگەندە، سىز نېمە بولەن كېيىنسىز؟ ئۆزىڭىز ھازىرلىغان كېيىم بىلەنمۇ ياكى خۇدانىڭ ھەقىقىي تونى بىلەنمۇ؟

ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېگەن:

«ئەي پۈتۈن جاپاكەشلەر ۋە

ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلار،

كېلىڭلار! مەن سىلەرگە
ئاراملىق بېرەي» (ئىنجىل:
«ماتتا بايان قىلغان خۇش
خەۋەر» 11-باب، 28-ئايەت).

ئۇنداقتا بۈگۈن سىز نېمىنى تاللىدىڭىز؟ خۇدانىڭ سىزگە تەقدىم قىلغان نىجاتلىق ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلغايسىز.

ئەگەر ئارزۇيىڭىز شۇنداق بولسا، ئۆزىڭىز بۇنى خۇداغا ئېيتىڭ. خۇداغا ئۆز گۇناھكار ئىكەنلىكىڭىزنى ئىقرار قىلىپ، ئۇنىڭدىن سىزنى كەچۈرۈشنى تىلەڭ. گۇناھلىرىڭىزدىن ۋاز كېچىپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىڭ.

سىز چىن قەلبىڭىزدىن ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشنى خالىسىڭىز، خۇدا چوقۇم ئېيتقانلىرىڭىزنى ئاڭلايدۇ ۋە گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. ھەقىقىي

قۇربانلىقىغا ئېتىقاد قىلىشىڭىز ئارقىلىقلا سىزنىڭ خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىڭىز ھەقىقەتەن باشلىنىدۇ ھەمدە سىز ئالەمدىن ئۆتكەندە، جەننەتتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەڭگۈ ياشايسىز. ئۇ يەردە ھېچقانداق ئاغرىق-سىلاق، ئازاب-ئوقۇبەت، ئادالەتسىزلىك بولماي، مەڭگۈ ئامانلىق ۋە شاد-خۇراملىق بىلەن تولغاندۇر.

قەدىرلىك دوستۇم، بىر ئىنجىلنى تېپىپ، ئۇنى ئۆگىنىپ تۇرۇڭ، ۋە خۇدادىن سىزگە توغرا يول كۆرسىتىشنى تىلەڭ. ھەر كۈنى دۇئا ئارقىلىق خۇدا بىلەن سۆزلىشىڭ.

سىزگە خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى يار بولسۇن!